مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

لىيۇ شياۋدۇڭ:

# جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ بەدىنىگە 11 پاي ئوق تەگكەن قەھرىمان ئەترەت باشلىقى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لەنجوۋ، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر خۇ ۋېيجيې) گەنسۇ ئۆلكىلىك ساقچى مۇزېيىدا، ئۈچ پاي قارا ئوق كۆرگەزمە پوكىيگە قويۇلغان بولۇپ، ئىنقىلابىي قۇربان لىيۇ شياۋدۇڭنىڭ قورالىق قارا نىيەتلەرنى تۇتقاندا بەدىنىگە 11 پاي ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ھېكايىسىنى «بايان قىلىپ تۇراتتى».

لىيۇ شياۋدۇڭ، 1956 - يىلى تۇغۇلغان، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچاڭ ناھىيەسىدىن. ئۇ ئىلگىرى لەنجوۋ ئىسسىق سۇ زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولغان، ئىزچىل قەيسەر خەلق ساقچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. 1979 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لەنجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چىلىخې شۆبە ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، چىلىخې شۆبە ئىدارىسى دۇنخۇاڭ يولى ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، چىلىخې شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، لەنجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سابىق جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئىككى قېتىم تەقدىرلەنگەن.

«ھەر قېتىم جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقاندا، لىيۇ شياۋدۇڭ دائىم ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىدۇ. پىچاق، قورال ۋە پارتلاتقۇچلار ئالدىدا ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمايدۇ، قىلچە تەمتىرىمەيدۇ. ئۇ ئەسكى ئادەمنى كۆرگەندە ساقچى چوقۇم ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىشى كېرەك دەپلا قارايتتى» دېدى پېشقەدەم خىزمەتدىشى جى ۋېي ئەسلەپ.

لىيۇ شياۋدۇڭ چىلىخې شۆبە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، سەپداشلىرىنى باشلاپ ھايات - ماماتىغا قارىماي ھەرخىل جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلغان. ئارخىپ ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، پەقەت 1992 - يىلدىن 1994 - يىلغىچىلا، ئۇ قوماندانلىق قىلغان ھەم بىۋاستە قاتنىشىپ پاش قىلغان جىنايى ئىشلار دېلوسى 667گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم، پەۋقۇلئاددە زور دېلودىن 325ى بار.

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، لىيۇ شياۋدۇڭ ئەمدىلا خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، لەنجوۋ شەھىرى بىنخې يولىنىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئىككى قورالىق قارا نىيەتنىڭ بىر قىزىل رەڭلىك شيالى ماركىلىق تاكسىنى بۇلىغانلىقىنى، شوپۇرنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن.

بىگۇناھ شوپۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، لىيۇ شياۋدۇڭ باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى ساقلاشقا ئۈلگۈرمەيلا يالغۇز قارا نىيەتلەرنى قوغلىغان. بىنخې يولى جيەنداۋ كوچىسىنىڭ شىمالىي ئېغىزىدا لىيۇ شياۋدۇڭ قارا نىيەتلەرنىڭ قېچىش يولىنى توسۇۋالغان. قەبىھ قارا نىيەتلەر ئاپتومات بىلەن ئۇنى ئوققا تۇتقان. لىيۇ شياۋدۇڭغا ئارقا - ئارقىدىن 11 پاي ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

لىيۇ شياۋدۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان. ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

لىيۇ شياۋدۇڭ قۇربان بولغاندا، ئۇنىڭ يالغۇز قىزى لىيۇ ۋېنۋېن ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە دادىسى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. «بەزى چاغلاردا ئۇ بىر ئايدا ئاران ئىككى قېتىم ئۆيگە قايتاتتى» دېدى ئۇ.

چوڭ بولغاندىن كېيىن، لىيۇ ۋېنۋېن دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، گۇاڭدۇڭ ساقچى - ئوفىتسېرلار شۆيۈەنىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى گۇاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تيەنخې شۆبە ئىدارىسىنىڭ بىر خەلق ساقچىسى بولدى.

«دادام ماڭا قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىق مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك. ئۇ ماڭا ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، جىنايەت بىلەن قەتئىي بوشاشماي كۆرەش قىلىشنى ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە ماڭا ۋايسىماسلىقنى، دەرد تۆكمەسلىكنى، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، كەينىگە چېكىنمەيدىغان جاسارەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولۇشنى ئۆگەتكەن» دېدى لىيۇ ۋېنۋېن.

# دۇ تىڭبىن: ھاياتى بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار **لى شيۇئېيك، ماۋ شىن**) بەدىنى 27 قېتىم چانالغان ئەھۋالدا، يەنىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن، قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قەيسەرانە ھالدا قارا نىيەتلەر بىلەن ئېلىشقان ھەم بىر قارا نىيەتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرىدا قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بۇ كىشى دەل ئىنقىلابىي قۇربان دۇ تىڭبىن.

دۇ تىڭبىن، ئەر، 1970 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭجوۋ پەنيۈدىن. 1991 - يىلى 10 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1994 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، يولداش دۇ تىڭبىن تۇتۇش ھەرىكىتىدە قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى 25 ياشتا ئىدى.

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 21 يولۇچى ئولتۇرغان يولۇچىلار جۇڭبىاسى گۇاڭدۇڭ جۇڭشەندىن گۇاڭجوۋغا قاراپ يولغا چىققان. سائەت 15 لەردە، ئاپتوموبىل پەنيۈنىڭ لىشەن بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشقا بىر سائەتمۇ قالمىغان ۋاقىتتا، ئاپتوموبىلدا تۇيۇقسىز ئۈچ قارا نىيەت پەيدا بولۇپ، پىچاق كۆتۈرۈپ يولۇچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن. ئاممىنىڭ دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان پەنيۈ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لىشەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرى دۇ تىڭبىن، زېڭ چياڭ قاتارلىقلار دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلانغان. ئامما تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، خەلق ساقچىلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قارا نىيەتلەرنى قورشاپ تۇتماقچى بولغان.

دۇ تىڭبىن، زېڭ چياڭلار گۇرۇپپىسى ناھايىتى تېزلا قارا نىيەتلەرنى بايقىغان، دۇ تىڭبىن كەسكىنلىك بىلەن ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرغان. قارا نىيەتلەر بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، داۋاملىق پىچاق كۆتۈرۈپ تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈنۈم بەرمىگەن ئەھۋالدا، دۇ تىڭبىن، زېڭ چياڭ ئۆزلىرىگە ئارىلىقى بىرقەدەر يېقىن بولغان ئىككى قارا نىيەتكە ئېتىلىپ بېرىپ، تېزلا ئۇلارنى بويسۇندۇرغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قارا نىيەت شېرىكلىرىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىدىكى چەيدو بىلەن دۇ تىڭبىن ۋە زېڭ چياڭنى تەلۋىلەرچە چاناشقا باشلىغان.

زېڭ چياڭ تۆت قېتىم چانىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ بىر قارا نىيەتنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئېرىققا دومىلاپ چۈشكەن، دۇ تىڭبىن 27 قېتىم چانىلىپ، كىيىملىرى قان بىلەن بويالغان! بىراق ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قارا نىيەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان! قارا نىيەت دۇ تىڭبىننىڭ ئېغىر يارىلىنىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان. دۇ تىڭبىن يەنىلا ۋاز كەچمەي، دەلدەڭشىگىنىچە قوغلاپ، بار تۇيغۇسى ۋە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قارا نىيەتكە ئوق چىقىرىپ، ئۇنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئەڭ ئاخىرىدا، قېچىپ كەتكەن قارا نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇلغان.

دۇ تىڭبىننىڭ يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، 25 يىللىق قىسقا، ئەمما شانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان!

1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى تاۋ سىجۈ بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، يولداش دۇ تىڭبىنغا «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

# ۋاڭ جىمىڭ: بەدىنىگە يەتتە پاي ئوق تەگكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا قارا نىيەتنى تېگىگە بېسىۋالدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكوۋ، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر چېن كەيزى) خەينەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچاڭ شەھىرى باۋفاڭ يېزىسى خۇەيشەن كەنتىدە، ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئادەتتىكى قەبرىنى رېمونت قىلىشقا ياردەم بېرىپ، قەبرە ئىگىسى ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىمىڭنى ياد ئېتىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىمىڭ ھايات ۋاقتىدا ساقچى ئىدى، قارا نىيەتلەر بىلەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش جەريانىدا بەدىنىگە يەتتە پاي ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.



ۋاڭ جىمىڭنىڭ سۈرىتى. (ماتېرىيال سۈرەت)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋاڭ جىمىڭ، 1962 - يىلى تۇغۇلغان، خەينەن ۋېنچاڭدىن. 1984 - يىلى 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1988 - يىلى 11 - ئايدا خەينەن ئۆلكىسى خەيكوۋ شەھەرلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، 1994 - يىلى خەيكوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنداۋ شۆبە ئىدارىسى (ھازىرقى مېيلەن شۆبە ئىدارىسى)گە يۆتكىلىپ خەلق ساقچىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى بولغان.

1994 - يىلى 6 - ئايدا، خەيكوۋ شەھەرلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ساقچىخانىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ جىمىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىپ، كۆپ قېتىم مۇھىم، زور جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، ئۇن كۈن ئىچىدە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان تۈرلۈك جىنايەتچىدىن 11نى تۇتقان.

1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، بىر كۆڭۈل ئېچىش ئورنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ۋاڭ جىمىڭ بىر قارا نىيەتنىڭ قورال كۆتۈرۈپ ئامانلىق ساقلاش خادىمىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئۇ دەرھال بىرەيلەننىڭ بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاستا قارا نىيەتكە يېقىنلاشتى ھەم ئېتىلىپ بېرىپ، قولى بىلەن قارا نىيەتنىڭ گېلىنى سىقىپ، سالاھىيىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ قارا نىيەتنى قورالنى تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. قارا نىيەت جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپ، قورالنىڭ ئۇچىنى بۇراپ ئارقىسىدىكى ۋاڭ جىمىڭغا ئوق چىقارماقچى بولدى، ۋاڭ جىمىڭ تېزلىكتە كەسكىن ئوق چىقىرىپ، بۇ قارا نىيەتنى يارىلاندۇردى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا، ئۆي ئىچىدىكى پۇل ئېلىش پوكىيدە بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان يەنە بىر قارا نىيەت ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ سىرتقا قېچىپ چىقتى ھەم تەلۋىلەرچە ۋاڭ جىمىڭغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە پاي ئوق ئاتتى. ۋاڭ جىمىڭنىڭ بەدىنىگە يەتتە پاي ئوق تېگىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئەھۋالدا، يەنىلا قەيسەر ئىرادە بىلەن باشقا ساقچىلار يېتىپ كېلىپ قارا نىيەتنى بويسۇندۇرغانغا قەدەر، بىر تەرەپتىن يارىلاندۇرغان قارا نىيەتنى تېگىگە مەھكەم بېسىۋالدى، بىر تەرەپتىن يەنە بىر قارا نىيەتكە ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەردى. يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، ۋاڭ جىمىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ۋاڭ جىمىڭغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

قۇربان بولغان شۇ كۈنى، ۋاڭ جىمىڭنىڭ قىزى ئەمدىلا ئېيىغا توشقانىدى، ۋاڭ جىمىڭنىڭ بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان دادىسىنىڭ چېچى بىر كېچىدىلا ئاقىرىپ كەتتى. دادىسىنىڭ قۇربان بولۇشى سەۋەبلىك، قىزى ۋاڭ شيەنيۈەن كىچىك ۋاقتىدا ساقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى ئىنتايىن چەتكە قاقاتتى. يېشى چوڭايغانسېرى ئىدىيەسىمۇ ئۆزگىرىپ، بىلىپ - بىلمەيلا ساقچى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. بۈگۈنكى كۈندە، 23 ياشلىق ۋاڭ شيەنيۈەنمۇ ساقچى بولۇپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدى. «مەن دادامغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداشنى ئويلايمەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇ ماڭغان يولدا ماڭىمەن» دېدى ئۇ.

نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋاڭ جىمىڭنىڭ تەۋەررۇكلىرىدىن پەقەت نەچچە چوڭ - كىچىك ئوردېنلا قالدى، ئۇلار «گۆھەر ساندۇقى»دا رەتلىك ساقلىنىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىردىنبىر يادنامىسىگە ئايلاندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۆمۈريول تورى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. «شىنجاڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ ئايلانما لىنىيەسىنى تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارماق لىنىيە تۆمۈريولى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ كورلا - گولمۇد تۆمۈريولى، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى، خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى - كورلا - ئاقسۇ - قەشقەر تۆمۈريولىدا سۈرئەتنى تېزلىتىش، ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تېز يولغا قويۇلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)تە تۆمۈريولنى راۋانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيەسى تاشيول تورى تېز يولغا قويۇلدى. G3012 قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش، G30 تۇرپان - شياۋساۋخۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، G30 ئۈرۈمچى - كۈيتۇن، G7 داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، G216 لىنىيەسى ۋۇسەيۋەن - كۆكتوقاي، G218 لىنىيەسى دۆڭمازار - نارات 1 - دەرىجىلىك تاشيولى قاتارلىق بىر تۈركۈم غول لىنىيە تاشيول تورى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. G7 ئاراتۈرۈك - باركۆل، باركۆل - موري، G0711 ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىق بىر تۈركۈم غول لىنىيە تاشيول تورلىرى تېز يولغا قويۇلدى.

سۇچىلىق تورى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. بۇ يىل ئاقشور، ئاقجازىق قاتارلىق سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئارتاش، داشىمېن، چوڭ تاش جىلغىسى، لوۋجۇاڭزى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. خوشۇت ناھىيەسى بوسىئامۇ سۇ ئامبىرى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەردە قۇرۇلۇش باشلاندى. يۇرۇڭقاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھەكەمىلىك تەتقىقات دوكلاتى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى. 13 چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونى، توققۇز ئوتتۇرا تىپتىكى سۇغىرىش رايونىنىڭ ياندىشىما سۇ تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئېنېرگىيە تورى قۇرۇلۇشى سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى. شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش 2 - يولى شەرقىي جۇڭغار-شەرقىي جۇڭگو (جەنۇبىي ئەنخۇي) ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، قەشقەر - يەكەن، مارالبېشى - يەكەن، يەكەن - خوتەن قاتارلىق 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) تورى، تۇرپان - بايىنغولىن - كۇچا II قايتما 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا ئىش باشلاندى. شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش 3 - يولىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىگە تېز تۈرتكە بولۇنۇپ، تارىم 30 مىليون توننىلىق چوڭ نېفىتلىك - گازلىق، ماخۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ نېفىتلىكى، جىمسار زىچ نېفىتلىكى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نېفىتلىك - گازلىق قۇرۇلۇشقا پائال تۈرتكە بولۇندى.

# لىيۇ يىك: تىنچلىق يىللىرىدىكى سادىق قوغدىغۇچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۇن، 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر شۈ چىنفېڭ) چاڭچۇن شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىنىڭ تىنچلىق يىللىرى سارىيىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار تىزىملىكىدە بىر ساقچىنىڭ ئىسمى بار: ئۇنىڭ ئىسمى لىيۇ يىك. 1996 - يىلى، بىر قېتىملىق تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش جەريانىدا، ئۇ جىنايەتچىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، بەختكە قارشى ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

لىيۇ يىك، 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يۈشۇ شەھىرىدىن، ھايات چېغىدا جىلىن ئۆلكىسى يۈشۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. لىيۇ يىكنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، لىيۇ يىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان 16 يىلدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 قېتىم تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلانغان، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت 3 ئەتراپىدا، يۈشۇ شەھەرلىك قاماقخانىدا زوراۋانلىق بىلەن تۈرمىدىن قېچىش دېلوسى يۈز بەرگەن، توققۇز جىنايەت گۇماندارى ئىككى نەپەر قاماقخانا خادىمىنى باغلاپ قويۇپ، 64 تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، بەش پاي ئوقنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن.

لىيۇ يىك بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تۆت خەلق ساقچىسىنى باشلاپ قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تۇتۇشقا ئاتلانغان. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇ ئەترەتتە بار بولغان تۆت ئوق ئۆتمەس جىلىتكىنى قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تۆت سەپدىشىغا بەرگەن.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، لىيۇ يىك بىر مېھمانخانىنى تەكشۈرگەندە، شۇ كۈنى كەچتە چېچىنى تەكشى قىلىپ ياستىۋالغان ئۈچ يىگىتنىڭ سارايدا قونۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئەھۋالنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان لىيۇ يىك دەرھال چارلاش ساقچىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشىك، دېرىزىلەرنى قامال قىلىشىغا قوماندانلىق قىلغان. لىيۇ يىك خىزمەتداشلىرى بىلەن جىنايەت گۇماندارلىرى چۈشكەن ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، مېھمانخانا ئىگىسى ئىشىكنى ئاچقان ھامان لىيۇيىك بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ كىرگەن.

بۇ چاغدا قاچقۇن جىنايەتچى ياڭ شۇچېڭ ئوق چىقارغان، ئوق ئىشىك كېشىكىگە تەگكەن، غالجىرلاشقان قاچقۇن جىنايەتچى ئالدىدا، لىيۇ يىك ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، قولىدا قورال بار قاچقۇن جىنايەتچىگە ئېتىلغان، قاچقۇن جىنايەتچى ئاتقان ئىككىنچى پاي ئوق لىيۇ يىكنىڭ كۆكرىكىگە تەگكەن، لېكىن لىيۇ يىك ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي قاچقۇن جىنايەتچىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دېرىزىگە ئۈرۈلۈپ ئەينەكنى چېقىۋەتكەن، دېرىزە تەكچىسىدە جان تىكىپ ئېلىشقان.

خەتەرلىك پەيتتە، دېرىزە سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان چارلىغۇچى ساقچى سۈڭ شياۋگۇاڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قارا نىيەتكە توغرىلاپ، قولىدىكى ئاپتومات تەپكىسىنى كەسكىنلىك بىلەن بېسىپ، لىيۇ يىكنى بېسىۋالغان قاچقۇن جىنايەتچى ياڭ شۇچېڭنى ئېتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، لىيۇ يىك بىلەن بىللە ئۆيگە بۆسۈپ كىرگەن ئىككى خەلق ساقچىسى قالغان ئىككى جىنايەتچىنى بويسۇندۇرغان.

ئاساسلىق جىنايەت گۇماندارى ياڭ شۇچېڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۈشۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يەنە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، زوراۋانلىق قىلىپ تۈرمىدىن قېچىش دېلوسىدىكى قالغان سەككىز جىنايەت گۇماندارىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقان. لىيۇ يىكنىڭ زەخمىسى ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 47 ياشتا ئىدى.

1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، لىيۇ يىك ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان. 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لىيۇ يىكغا «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

لىيۇ يىك قۇربان بولغاندا، ئۇنىڭ قىزى لىيۇ جيېلىن ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەنىدى. كېيىن ئۇ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، چاڭچۇن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر خەلق ساقچىسى بولدى. لىيۇ جيېلىن مۇنداق دېدى: دادام پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.